## 43160 ـ كاپىرلاردىكى نەرسىدىن پايدىلىنىش

### سوئال

بىز قانداق قىلغىنىمىزدا ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن بىر ئىشقا يولۇقماستىن كاپىرلاردىكى نەرسىدىن پايدىلىنالايمىز ؟ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى [مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نەرسىلەر ] دىگەن ئۇقۇم بۇ ماۋزۇنى دائىرسىگە كىرگۈزەمدۇ ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

پېشۋا[ شەيخ] مۇھەممەد ئۇسەيمىين ئوغلى [ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن ] مۇنداق دىگەن : ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ، كاپىرلارنىڭ ئىشلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ :

1- ئىبادەت ئىشلىرى

2- قائىدە-يۇسۇنلىرى

3- ھۈنەر-سەنئەتلىرى

ئىبادەت ئىشلىرىغا كەلسەك ، ئۇ ھەممىگە ئايانكى ،ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇلارنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىنى دوراشقا بولمايدۇ . كىمكى ئۇلارنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىنى دورايدىكەن ، ئۆزىنى چوڭ خەتەرگە سالغان بولىدۇ ،شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كاپىرلىققا ۋە ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە باشلاپ بارىدۇ .

قائىدە-يۇسۇنلارغا كەلسەك ، مەسىلەن ، كىيىم-كىچەك قاتارلىقلار، بۇ جەھەتتە ئۇلارنى دوراش ھارام، چۈنكى پەيغەمبەر [ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ] مۇنداق دىگەن :بىر خەلقنى دورىغۇچى كىشى ـ شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

ھۈنەر-سەنئەتلەرگە كەلسەك ، ئەگەر ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدىغان نەرسىلەر بولسا ، ئۇلار قىلغان نەرسىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىزنىڭ ھېچقانداق خاتا يېرى يوق . بۇ ئۇلارنى دوراش دائىرسىگە كىرمەيدۇ ، بەلكى ئۇ پايدىلىق ئىشلاردىن بەھرىمان بولۇشنىڭ بىرى ھەمدە ئۇنى قىلغۇچى ئۇلارنى دورىغۇچى دەپ قارالمايدىغان ئىش.

ئەمما سوئال سورىغۇچىنىڭ [ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى [مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نەرسىلەر ] دىگەن ئۇقۇم بۇ ماۋزۇنى دائىرسىگە كىرگۈزەمدۇ ؟]

دىگەن سوئالىغا كەلسەك ، بىز دەيمىزكى، ئومۇمى مەنپەئەت ئۇقۇمىنى مۇستەقىل دەلىل قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ ، بەلكى بىز دەيمىز ، ئەگەر بىز مەلۇم بىر ئىشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدىغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ماۋزۇسى دائىرسىگە كىرىدۇ دەپ جەزىملەشتۈرسەك ،ئاندىن ئۇنىڭغا بىر شەرئىي دەلىل بولسا ، ئۇنداقتا ئۇ شەرئەتنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ

.

بىراق شەرىئەت بۇ ئىشنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىسا ، ئۇنداقتا ئۇ ئومۇمى مەنپەئەت دائىرىسىگە كىرمەيدۇ ، گەرچە ئۇنى قىلغۇچى ئۇنى كىرىدۇ دىگەن تەقدىردىمۇ .

ئەگەر ئۇ بۇمۇ ئەمەس ، ئاۋۇمۇ ئەمەس بولسا ،ئۇنداقتا بىز ئاساسى پىرىنسىپقا مۇراجىئەت قىلىمىز . ئەگەر ئۇ ئىبادەت ئىشى بولسا ئۇنداقتا ئاساسى پىرىنسىپ ـ ئىبادەت ئىشى چەكلىنىدۇ ؛ ئەگەر ئۇلار ئىبادەت ئىشى بولمىسا ، ئۇنداقتا ئاساسى پىرىنسىپ ـ ئۇلار رۇخسەت . شۇنىڭ بىلەن ، شۇ ئىنىق بولدىكى ، ئومۇمى مەنپەئەت ئۇقۇمىنى مۇستەقىل دەلىل قىلىنمايدۇ . ئۇسەيمىين ئوغلى [ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن] جورىمىلىرى[فەتىۋالىرى] توپلىمىدىن ئېلىندى [340] .